□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

# پومپېئونىڭ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» سەپسەتىسى پۈتۈنلەي ئاساسسىز گەپ

پومپېئودىن ئىبارەت يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن بۇ ئامېرىكا سىياسەتۋازى ئويدۇرۇپ چىقارغان ئەسىر يالغان ـ ياۋىداق سۆزى بىلەن ئۆزىنى ئەسىر مەسخىرىسىگە ئايلاندۇردى. پومپېئونىڭ ئاتالمىش بېكىتىشى بىزنىڭ نەزەرىمىزدە بىر پارچە كېرەكسىز قەغەز. ھازىرقى شىنجاڭنىڭ مۇقىم، گۈللەنگەن ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى پومپېئونىڭ بوھتان چاپلىشى، قارا چاپلىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ؟

ئەمگەك ياشاشنىڭ ئاساسى، تەرەققىياتنىڭ نېگىزى، بەختنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى «ئەمگەكچىلەرنىڭ نېنى مەززىلىك» ئىكەنلىكىنى، بەختنىڭ ئاسماندىن چۈشمەيدىغانلىقىنى، ياخشى كۈنلەرنى ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ يارىتىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ، ھەممەيلەن مۇقىم خىزمەت تېپىپ، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مۇشۇ يىللاردا، سىرتقا چىقىپ ئىشلەش شىنجاڭنىڭ يېزا رايونلىرىدا تەدرىجىي مودىغا ئايلاندى. مەيلى شىنجاڭ ئىچىدە ياكى باشقا ئۆلكە (شەھەر)لەردە ئىشقا ئورۇنلاشقان بولسۇن، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەممىسى مۇقىم ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشتى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، باشقا ئۆلكە (شەھەر)لەرگە يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان شىنجاڭلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى تەخمىنەن 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشقان جايدىكى شەھەر ـ بازارلاردىكى دائىم تۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشكەن. شىنجاڭ ئىچىدە يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان ئەمگەكچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى تەخمىنەن 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئائىلىسىدىكى دېھقانچىلىقتىن قىلغان كىرىمدىن خېلىلا يۇقىرى بولغان.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەر ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن كەسىپ تاللايدۇ، ئۇلار «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملار بويىچە، باراۋەر، ئىختىيارىي بولۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، ئالاقىدار كارخانىلار بىلەن قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، تېگىشلىك ئىش ھەققىگە ئېرىشىدۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان جايىنى تاللاشتىمۇ ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى دەل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇر سۇپىسىنى پائال قۇرۇپ، ياخشى بولغان ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر «خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە ئالاقىدار ئەھدىنامىلەرنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى›نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش پىكرى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئەمگەك كاپالىتى رېۋىزىيە نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، يۈرگۈزۈش، نازارەت قىلىش، مۇرەسسە قىلىش ـ بىر تەرەپ قىلىشنى قانۇنچىللىشىش يولىغا سېلىپ، زوراۋانلىق قىلىش، تەھدىت سېلىش ياكى قانۇنسىز ھالدا جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى قاتتىق چەكلىدى. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش ھوقۇقى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ـ ساقلىق ساقلاشنى قوغداش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پاراۋانلىقىغا ئېرىشىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى بىردەك قانۇن بويىچە قوغدالدى. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەر مەيلى شىنجاڭدا ياكى باشقا رايونلاردا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىنىي ئېتىقاد، مىللەتلەر مەدەنىيىتى، تىل ـ يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى بىردەك قانۇن بويىچە ھۆرمەت قىلىندى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭ يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانا مائاشىنى كوللېكتىپ كېڭىشىش نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى» قاتارلىق بىر قاتار يەرلىك نىزاملارنى چىقىرىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشنى كۈچەيتتى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۆكۈمەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كارخانا تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى كېڭىشىدىغان ئۈچ تەرەپلىك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتى ساھەسىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىپ، ئىناق ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى پائال بەرپا قىلدى.

پومپېئو شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشى، قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ئەمگەك قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقلىرىنى نەزەرگە ئالماي، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلىقى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدەك ھەقىقىي ئەھۋالنى نەزەرگە ئالماي، قايتا ـ قايتا ھە دەپ تۇتۇرۇقسىز گەپ قىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، قىلچە پاكىت ئاساسى يوق ھالدا شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولسىزلارچە ئەيىبلىدى، يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلدى، بۇ خىل مۇتتەھەملىك، يولسىزلىق، زومىگەرلىك، زوراۋانلىق، ئۆكتەملىك قىلمىشىغا بىز شىنجاڭدىكى ئىشچىلار سىنىپى ھەرگىز قوشۇلمايمىز!

ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى

# پومپېئونىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا بوھتان چاپلىغان، قارا چاپلىغان رەزىل قىلمىشىنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتە ئېلان قىلىپ، غالجىرلارچە، تەلۋىلەرچە تۈرلۈك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭ «مەجبۇرىي تۇغماس قىلدى» «مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى» «ئەۋلادىدىن ئايرىۋەتتى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز گەپ. بۇنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ھەر مىللەت ئاياللارغا ۋاكالىتەن كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ!

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللارنىڭ تۇغۇت ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە بىز ئۆزىمىز ئىگە! پومپېئو ئاتالمىش «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش» دېگەندىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا تۆھمەت قىلدى، بۇ پۈتۈنلەي نادانلىق، شەرمەندىلىك! ئەمەلىيەتتە، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش جۇڭگونىڭ تۈپ دۆلەت سىياسىتى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. ھۆكۈمەت تۇغۇت يېشىدىكى ئەر ـ خوتۇنلارغا پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ـ قوللانماسلىقى، قانداق ئۇسۇلدا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشنى ئاياللار ئۆزى ياكى ئېرى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئىختىيارلىقى بويىچە بەلگىلەيدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللارنى بالىلارنى تەربىيەلەشكە تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى سەرپ قىلىش، ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە يۈزلىنىشى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، بىلىم، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى، كىشىلىك قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللارنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىشى پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ! پومپېئو ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» بىمەنە سەپسەتىسى پۈتۈنلەي ئاساسسىز! ئەمەلىيەتتە، بىز شىنجاڭ ئاياللىرى ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز، «بەخت كۈرەش قىلىشتىن كېلىدۇ»غانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز، ئىشچان بىر جۈپ قولىمىزغا تايىنىپ گۈزەل تۇرمۇشنى يارىتىمىز. ھەر مىللەت ئاياللار ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن كەسىپ تاللايدۇ، قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى بېكىتىدۇ، ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش ھوقۇقى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ـ ساقلىق ساقلاشنى قوغداش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپلا قالماي، يەنە ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلى، تۇغۇت مەزگىلى، ئېمىتىش مەزگىلىدىكى قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى بىردەك تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاياللار ئۆز ئالدىغا ئىختىيارلىقى بىلەن، ئازادە كەيپىياتتا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئاياللارنىڭ باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، شىنجاڭ ئاياللارنىڭ باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا توسالغۇ بولىدىغان توسقۇنلارنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ئاياللارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىشىگە يار ـ يۆلەك بولۇش سىياسىتىنى تۈزۈپ يولغا قويدى. 2019 ـ يىلى، شەھەر ـ بازارلاردا 480 مىڭ 900 ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 228 مىڭ 100 بولۇپ، 47.43%نى ئىگىلىدى. ھەر مىللەت ئاياللار ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا باراۋەر قاتنىشىپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن باراۋەر بەھرىلەندى، بارغانسېرى كۆپ ئاياللار ئاياللار كۈچى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى يېرىم دۇنيانى تىرەپ تۇرماقتا.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللارنىڭ بالا تەربىيەلەش ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. پومپېئو ئاتالمىش «ئەۋلادىدىن ئايرىۋېتىش» بىلەن شىنجاڭنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە قارا چاپلىدى. بۇ پۈتۈنلەي كۈلكىلىك ئىش! ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭ مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سېلىنمىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، مائارىپ ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل يولغا قويۇپ، ھەربىر بالىنىڭ باراۋەر ئوقۇش، تەلىم ـ تەربىيەنى باراۋەر قوبۇل قىلىش، قالتىس كىشىلىك ھاياتقا باراۋەر ئىگە بولۇش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا جەمئىي 12 مىڭ 800گە يېقىن ئاساسىي مائارىپ مەكتىپى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 5 مىليون 890 مىڭ ئوقۇغۇچى، 484 مىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى بويىچە يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 95.95%كە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.9%كە يەتكەن، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بىلەن تولۇق قاپلاش، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. چەت، يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بالىلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇشتەك «ئوقۇش ئارزۇسى»نى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ بالىلارنى تېخىمۇ ئىلغار ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوقۇتقۇچىلار، تېخىمۇ ياخشى مەكتەپ مۇھىتىدىن بەھرىمەن قىلدى. ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقتا يېتىش ـ ياتماسلىقىنى پۈتۈنلەي ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى ۋە ئاتا ـ ئانىسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاللايدۇ. ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، بىخەتەرلىك، داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش، پسىخىكا ساغلاملىقى قاتارلىق جەھەتلەردە، مەكتەپلەر نۇرغۇن كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، بالىلار ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەردە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئىنتايىن ھىمايە قىلدى ۋە قوللىدى. بىلمىدۇق پومپېئو، سەن شىنجاڭنىڭ قەيېرىدىكى، قايسى مەكتەپتىكى، قايسى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىنىپ ئازابلانغانلىقىنى كۆرگەندىڭ، قايسى ئاتا ـ ئانا بالىسىنى ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇشنى خالىمايدىكەن؟

پومپېئونىڭ ئاتالمىش باياناتى شەرمەندىلەرچە قىلىنغان تۆھمەت، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى قىلچە تەۋرىتەلمەيدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللارنىڭ خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇشىغا ۋە بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. پولاتتەك پاكىت پومپېئونى تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلايدۇ، ئۇنىڭ سېسىق نامى مەڭگۈ قالىدۇ!

ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى

# پومپېئو، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار ساڭا ھەرگىز ئالدانمايدۇ!

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتە ئېلان قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ، شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشىغا خالىغانچە قارا چاپلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ئۈچۈن كۆرسەتكەن جاپالىق تىرىشچانلىقلىرىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن تۆھمەت قىلدى، ئۇنىڭ يالغان كۆڭۈل بۆلۈپ، راست ئارىلىشىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك ساختا قىلمىشىغا كىشىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىدىكىلەر قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ!

ھەممىگە مەلۇمكى، پومپېئو «نېمىلا ئىش قىلسا شۇنى قاملاشتۇرالمايدۇ، پىتنە ـ پاسات توقۇشتا بىرىنچى». ئۆتكەن بىرقانچە يىلدا، ئۇ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىغا خالىغانچە قارا چاپلاپ، شىنجاڭ كارخانىلىرىنى تەلۋىلەرچە بېسىپ، «يالغانچىلىقنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدىغان» تەلۋىلىكىنى توختىماي داۋاملاشتۇردى. بۇ ئامېرىكىنىڭ «تارىختىكى ئەڭ ناچار، ئەڭ رەزگى، ئەڭ نومۇسسىز دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى»نىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەمەس، شىنجاڭدىكى دىنلار ئەمەس، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تېخىمۇ ئەمەس! ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى دەل شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش.

شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەن ـ ئىشلەنمىگەنلىكىگە پومپېئودىن ئىبارەت بۇ «سىياسىي ۋىرۇس»نىڭ كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىشىنىڭ كېرىكى يوق، بىز ياشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. شىنجاڭدىكى ياشلارنىڭ مائارىپ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇمشاق، قاتتىق دېتال سېلىنمىسىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بىلەن تولۇق قاپلاشنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى، شىنجاڭدىكى ھەربىر ياش ـ ئۆسمۈر ئادىل ھەم سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەر ھەر ساھە ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلىدى. شىنجاڭدىكى ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملار بويىچە ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن، كەسىپنى ئەركىن تاللىدى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىنى ئەركىن تاللىدى، ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش ھوقۇقى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ـ ساقلىق ساقلاشنى قوغداش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پاراۋانلىقىغا ئېرىشىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى بىردەك قانۇن بويىچە قوغدالدى. مەيلى شىنجاڭدا ياكى باشقا ئۆلكە (شەھەر)لەردە ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد، مىللەتلەر مەدەنىيىتى، تىل ـ يېزىق قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى بىردەك قانۇن بويىچە ھۆرمەت قىلىندى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللىدى، ھەر مىللەت ياشلار ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە ياشلىق باھارى ۋە جاپالىق ئەجرى ئارقىلىق كىشىلىك ھايات قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇردى. شىنجاڭدىكى ياشلارنىڭ تۇغۇت ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، پومپېئو ئىغۋا تارقاتقاندەك «مەلۇم بىر ئاز سانلىق مىللەتكە قارىتىلغان تۇغۇت سىياسىتى»نى ئەزەلدىن تۈزۈپ باقمىدى ۋە يولغا قويمىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلارنىڭ ئۆيلىنىش ـ تۇغۇت قارىشى تېخىمۇ مەدەنىي، ساغلام، ئەقلىي بولدى، ھەر مىللەت ياشلار ئۆز ئالدىغا بىخەتەر، ئۈنۈملۈك، مۇۋاپىق بولغان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تاللىدى، تۇغۇت ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، نەدىمۇ قانداقتۇر مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش بولسۇن؟ مەيلى پومپېئونىڭ قانداق قۇرۇق گەپ سېتىشى، ئاغزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلىشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتى نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن خېلىلا يۇقىرى بولۇشتەك ئەمەلىيەت پومپېئونىڭ 10 مىڭ جۈملە يالغان ـ ياۋىداق سۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

بىز پومپېئونى شۇنداق رەسمىي يوسۇندا ئاگاھلاندۇرىمىزكى: سېنىڭدەك كۈنى ئاخىرلاشقان چۈپرەندە ھەرقانچە غالجىرلارچە ئويۇن ئوينىساڭمۇ، بۇ پەقەت ئەڭ ئاخىرقى ئاجىز جان تالىشىشلىق بولۇپ قالىدۇ، سېنىڭ بەزى دۆلەتلەردە يولغا قويغان ئاتالمىش «دېموكراتىيە» «كىشىلىك ھوقۇق»لىرىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ياشلارنى ئازدۇرۇپ، قايمۇقتۇرۇپ، قوترىتىپ چوماقچى، زەمبىرەك يېمى قىلدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت داۋالغۇشتا قالدى، پۇقرالار بالا ـ قازاغا ئۇچرىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار ئاللىقاچان كۆزىنى روشەنلەشتۈردى، سېنىڭ رەزىل نىيىتىڭ ئاللىقاچان ئاشكارىلاندى، بىز ساڭا ھەرگىز ئالدانمايمىز!